

ئۆلىمالار ئۇلارنى نىمە ئۈچۈن خاۋارىج دىيىشتى؟

خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە «دۆلەت جامائىتى»گە چۈشىدىغان 30 سۈپەت:

دوكتۇر ئابدۇللاھ مۇھەيسىنى

مەن بۇ لېكسىيەنى ھىجرىيە 1437- يىلى مۇھەرررەمنىڭ 6- كۈنى (جۈمە)دە ئىدلىپ شەھرىدە سۆزلىگەن ئىدىم.

KATAIB RAD3 ALKHAWARIJ

ئۆلىمالار ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن خاۋارىج دېيىشتى؟

خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە «دۆلەت جامائىتى»گە
چۈشىدىغان 30 سۈپەت:

دوكتۇر ئابدۇللاھ مۇھەيسىنى

مەن بۇ لېكسىيەنى ھىجرىيە 1437- يىلى مۇھەرررەمنىڭ 6- كۈنى
(جۈمە)دە ئىدلىپ شەھرىدە سۆزلىگەن ئىدىم.

KATAIB RAD3 ALKHAWARIJ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على محمد صلى الله عليه وعلى آله وصحبه أجمعين. وبعد:

بارلىق قېرىنداشلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن. الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرى بىلەن، بۇ يىغىلىشتا مېنى سىلەر بىلەن بىر يەرگە جەملىگىنىدەك، جەننەتلەردىمۇ جەملىشىنى سورايمەن، ئامىن دەڭلار!

ئى الله، بىزنى نېمەتلىك جەننەتلىرىڭدە جەملىگىن. ئى الله، بىزنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن جەملىگىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله، بىزنى چىگرالاردا رىباتتا تۇرغۇچىلارنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن. ئى الله، بىزنى الله يولىدىكى جىھادنىڭ ئەنسارىيلىرىدىن قىلغىن، ئى ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك الله!

ئى قېرىنداشلار، ئېغىر قىيىنچىلىق ۋاقتىدىكى بۇ مۇھىم لېكسىيىدە ئەڭ خەتەرلىك تېما ھەققىدە سۆز ئاچىمەن. ئىسلام ئۈممىتى ۋە جىھاد ساھەسى بېسىپ ئۆتتۈۋاتقان سەزگۈر تېما ھەققىدە، يەنى «ئىسلام دۆلىتى» دېگەن جامائەت ھەققىدە سۆز قىلماقچىمەن. كۆپىنچە كىشىلەر: «بىز نېمە ئۈچۈن ‹ئىسلام دۆلىتى› بىلەن قارشىلىشىمىز، بىزنىڭ خالايدىغىنىمىز ‹لا اله الا الله›، بىزنىڭ خالايدىغىنىمىز ‹خىلاپەت›، ئۇلار خىلاپەت ئېلان قىلدىغۇ؟! بىز نېمە ئۈچۈن خىلاپەت بىلەن قارشىلىشىمىز، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ الله نىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز؟» دەپ سوئال سورىشىدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر: «‹خاۋارىج› دېگەن سۆز ئىسلامدىكى چوڭ (يەنى ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر) سۆز تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ‹خاۋارىجلار› دەپ ئاتايمىز؟» دەپ سوئال سورىشىدۇ.

قېرىنداشلار، ئاۋازىمىز بۇ شەھەردىن باشلاپ زېمىنىنىڭ مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپلىرىگىچە بولغان يەرلەردىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا يېتىشى مۇمكىن. بۈگۈن (يۇقىرىقى سۇئاللارغا) جاۋاپ بېرىمەن. ئى قېرىنداشلار، ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنى الله نىڭ دىنىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش ئىختىلاپ پەيدا قىلمايدۇ. «پالانى كاپىر، پۇستانى مۇرتەد» ياكى «پالانى تاغۇتلارنىڭ مالىيى، پۇستانى خاۋارىج» دېگەندەك شەرئى سۈپەتلەر الله نىڭ دىنىدا ۋەزنى ئېغىر سۈپەتلەردۇر. مۇسۇلمان كىشى بۇنداق مەسىلىلەرگە ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقى ۋە بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئالىملارغا قالدۇرۇشى كېرەك. الله تائالا بۇ ئىشلارنى ئالىملارغا تاپشۇرغان. شۇڭا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇخىلدىكى ئىشلارغا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىكەن، الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئالدىدا ئۆز بېشىمچىلىقى ھەققىدە ھېساب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆزىنىڭ بۇرادىرىنى "ئى لاپىر!" دېسە، قارشى تەرەپ ئۇ كىشى دېگەندەك بولسا، بۇ سۆز دېيىلگۈچىگە چۈشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا دېگۈچىگە يانىدۇ».[1] دېمەك، بۇ بەك خەتەرلىك مەسىلە. مەن بىر كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سەن چوقۇم كاپىر بولدۇڭ» دېسەم، بۇ مەسىلىدە ئىككى ئىشنىڭ بىرى ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى، ياكى ئۇ كىشى الله نىڭ دەرگاھىدا كاپىر بولىدۇ ۋەياكى "كاپىر" دېگەن سۆز ماڭا قايتىدۇ. الله تىن تىنچ - ئامانلىق ۋە سالامەتلىكنى سورايمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننى "ئى كاپىر" دېمىسۇن؛ ئەگەر دېيىلگۈچى شۇنداق بولمىسا، ئۇ سۆز دېگۈچىگە قايتىدۇ». كېلىڭلار، ئى قېرىنداشلار! بۇ ئۇلۇغ كۈندىكى خۇش مۇبارەك يىغىلىشىمىزدا بەرىكەتلىك، ياخشى تېما بولغان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «خاۋارىجلار» ھەققىدىكى سۆزىگە قاراپ ئۆتەيلى. بۇ سۆز «دۆلەت جامائىتى»گە

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

تەتبىقلىنامدۇ - يوق؟ بىز قاراپ چىقىمىز. ئەگەر تەتبىقلانسا، ئۇلارنى خاۋارىج دەيمىز؛ ئەگەر تەتبىقلانمىسا، اللە ساقلىسۇن، اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى نېمىدېگەن بولسا شۇنى دەيمىز. ئى قېرىنداشلار، ھەقىقەتەن «خاۋارىج» ئاتالغۇسى ۋە «خاۋارىج» سۆزى يېڭى سۆز ئەمەس. «خاۋارىج» دېگەن ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان تۇنجى كىشى كىم؟

بۇ سۆزنى تىلغا ئالغان تۇنجى كىشى پەيغەمبەر ﷺدۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار جەھەننەمنىڭ ئىتلىرىدۇر». پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان: «خاۋارىجلار جەھەننەمنىڭ ئىتلىرىدۇر»، «خاۋارىجلار جەھەننەمنىڭ ئىتلىرىدۇر». ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) اللە نىڭ دەرگاھىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر». يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇلار ئۈچۈن جەھەننەم باردۇر» دەپ كەلگەن.

كېلىڭلار، پەيغەمبەر ﷺ خاۋارىجلار توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قويغان سۈپەتلەرگە قاراپ چىقايلى.

ئى قېرىنداشلار، بۇ كىچىككىنە تەتقىقات ۋە لېكسىيەمدە سىلەر ئۈچۈن خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئوتتۇزغا يېقىن سۈپەتنى جەملەپ چىقتىم. ھەممىز ئورتاق قاراپ باقايلى، بۇ سۈپەتلەر «دۆلەت جامائىتى»گە تەتبىقلىنامدۇ - يوق؟ لېكىن بۇلارنى سۆزلەشتىن بۇرۇن، سىلەرگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئەسكەرتمەكچىمەن. «الفرق والملل والنحل» ناملىق كىتابتا ئىسلام ئۆلىمالىرى «ھەرقانداق جامائەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك سۈپىتى بولىدۇ» دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلگەن. ئى قېرىنداشلار، مەن بىلەن يېڭى بىر دەرسنى ئېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەرقانداق جامائەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ئاساسى سۈپىتى؛ يەنە بىرى، قوشۇمچە سۈپىتىدۇر. مەسىلەن: سىز كىشىلەر ئارىسىدىن فايسال ياكى خالىد دېگەن كىشىلەرگە «پالانى شەيىھ، ئۇنىڭدا تاغۇتلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسى سۈپەت بار» دەيسىز. لېكىن قوشۇمچە سۈپەت بولسا «رەڭگى ئاق ياكى بۇغداي ئۆڭلۈك» ياكى «تىز ئاچچىقى كېلىدىغان» دېگەندەك سۈپەتلەردۇر. بۇلار بىز ئۇلارنى «شەيىھ» دەپ ئاتىشىمىزغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسى سۈپەتلەر ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ ئاساسى سۈپەت قايسى؟

ئۇ تاغۇت ھاكىمىيىتىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز بۇ ئورۇندا خاۋارىجلارنىڭ ئاساسى سۈپەتلىرىدىن بولغان ئىككى سۈپىتىنى بايان قىلىمىز. كىمدە بۇ ئىككى سۈپەت بولسا، ئۇ خاۋارىجدۇر؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا خاۋارىج ئەمەس. بۇ ئورۇندا ئۆلىمالار سۆزلىگەن بىر قانچە تۈرلۈك سۈپەتلەر بولۇپ، ناۋادا بىر كىشى ئۇ سۈپەتلەرنى ئۆگىنەلمىسە، قوشۇمچە سۈپەتلەرنى ئۆگىنىشكە قۇدرىتى يېتىدۇ.

مەسىلەن: رافىزىلار. ساھابىلارنى (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تىللىغان ھەرقانداق كىشى رافىزىدۇر. لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر سۈپەت بولۇپ، ئۇ قوشۇمچە سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسى سۈپەت ئەمەس. مەسىلەن: رافىزىلارنىڭ ئەقىدىسىدە «مۇتئى نىكاھ» دەيدىغان ئاتالغۇ بار (ئۇلارغا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن). لېكىن بىر رافىزى «مەن مۇتئى نىكاھنى توغرا دېمەيمەن» دېسە، بىز ئۇنىڭغا «سەن مۇتئى نىكاھنى توغرا دېمەيدىكەنسەن، شۇڭا سەن رافىزى ئەمەسكەنسەن» دەمدۇق؟ ياق. بىز ئېيتىمىزكى، «ساھابىلارنى تىللىغانلىقىڭ ئۈچۈن سەن رافىزى». الله تىن سورايمىزكى، كىمكى ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا لەنەت قىلسا، الله ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن. كىمكى

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا لەنەت قىلسا، اللّٰه ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن.

ئى قېرىنداشلار! (تۆۋەندە خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلايمىز.)

بىرىنچى سۈپەت. خاۋارىجلار ئىسلام ئەھلىنى «مۇرتەد» دېگەن نام بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە، سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز: «خاۋارىجلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ». ئىمامى ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار دىنىدىن يېنىۋالغان، قىلىچلىرىنى ئۇممەتكە قارشى چىقارغان ھەمدە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ھالال سانىغان كىشىلەردۇر». شام ئەھلىنىڭ ۋە ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىمامى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلار ئەھلى قىبلىنى ‹مۇرتەد› دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ھالال سانايدۇ». قاراپ بېقىڭلار! بۇ سۈپەتلەر «دۆلەت جامائىتى»دە مەۋجۇتمۇ - يوق؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە ناماز ئوقۇساقمۇ ۋە روزا تۇتساقمۇ، ئۇلار بۈگۈن سىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان كىشىنى (يەنى ئابدۇللاھ مۇھەيسىنىنى) «مۇرتەد» دەپ قارايدۇ. گەرچە اللّٰه يولىدا جىھاد قىلسىمۇ، «جەبھەتۇننۇسرا»دىكى، «ئەھرارۇششام»دىكى قېرىنداشلىرىڭلارنى «مۇرتەد» دەپ قارايدۇ. «جەيشىل فەتھى»نى «جەيشىل رىددە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار ئىدلىب ۋىلايىتىنى «ئىسلام زېمىنى ئەمەس، بەلكى ‹ئەسلى كۇفرى زېمىنى›» دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك ھەلەب ۋىلايىتىنىمۇ «كۇفرى زېمىنى» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ يات سۆزلەر ئەمەسلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇلارنىڭ «ئىسلام ئەھلىنى كۇفرىغا چىقىرىش»تىن ئىبارەت بىرىنچى سۈپىتىدۇر. بىز ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرامدۇق؟ ياق. نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىمىز؟ بۇ

يەردىكى مەسىلە بىر ئادەم بىلەن جىدەللىشىش مەسىلىسى ئەمەس. بىر ئادەم مېنى «ئى كاپىر» دېسە، مەن ئۇنىڭغا «سەن كاپىر» دەمدىم؟ ياق. ئۇنداق قىلسام ئىسلام دىنىنى بۇزىدىغان ئىشنى قىلغان بولىمەن. بۇ جىدەللىشىش مەسىلىسى ئەمەس. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جىدەللىشىش يوق، بەلكى مەسىلىنىڭ مەركىزى، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان اللّٰه بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سىلەرگە سۆزلەۋاتقان كىشى (يەنى ئابدۇللاھ مۇھەيسىنى) ئۇلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇچۇن ئالتە ئاي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىلگىرى ئۇلار سىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان كىشىنى (يەنى ئابدۇللاھ مۇھەيسىنىنى) شەيخلەرنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ بىرى دەپ ئېتىبارغا ئالاتتى. كۆپ قانلار ئاقتى، بىز ئۇلارغا بۇ ئىشلارنى (يەنى «دۆلەت جامائىتى»نىڭ ئەقىدىسىنى) ئىنكار قىلىدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلىدۇق، ئۇلار «سىلەرمۇ مۇرتەد» دېدى. يەنى بۇ ئۇلارنىڭ «مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش»تىن ئىبارەت بىرىنچى سۈپىتىدۇر.

ئىككىنچى سۈپەت: «مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش» ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ۋە مۇجاھىدلارنى كاپىرغا چىقىرامدۇ - يوق؟ ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەردىن سوراپ باقاي، ئۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ۋە مۇجاھىدلارنى) كاپىرغا چىقىرامدۇ - يوق؟ ئى قېرىنداشلار، بۈگۈن بىز ئۆز - ئارا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش خاراكتېرىدىكى لېكسىيە سۆزلەيمىز. يول ناھايىتى كەڭرى، يەنى بۇ دىنىنىڭ يوللىرى كەڭرى (كەڭ - كۇشادە مۇنازىرە ئېلىپ بارساق بولىدۇ). ئەگەر بىر ئىش كۆز - قارىشىڭىزغا قارمۇ - قارشى كېلىپ قالسا، قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ: «ياخشى ئى قېرىندىشىم، ئۇلار بۇندىن بۇرۇن مۇجاھىدلارنى كاپىرغا چىقارمىغان ئىدى، ئەجىبا بۈگۈن كاپىرغا چىقىرامدۇ؟» دېسىڭىز، مەن: «ھەئە (يەنى كاپىرغا چىقىرىدۇ).» دەيمەن. ئۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ۋە مۇجاھىدلارنى) مۇرتەدلىك بىلەن سۈپەتلەيدۇ. ھەتتا ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بولغان

كىشىلەرنى ۋە جىهاد ئۇستازى ئەيمەن زەۋاهىرى ھەفزەھۇللاھنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىمۇ مۇرتەدلىك بىلەن سۈپەتلەيدۇ. ئۇلار بۇگۈن شەيخ ئەيمەن زەۋاهىرىنى، شۇنىڭدەك مۇجاهىدلارنىڭ ئۆلىمالىرىنى «گالۋاك»، «ئىشەك مىجەز» دەپ سۈپەتلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيىنىڭ بۇرنىنى توپىغا مىلىگەن ئافغانىستاندىكى مۇجاهىدلارنىمۇ شۇنداق سۈپەتلەۋاتىدۇ.

بۇگۈن بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان رۇسىيىنىڭ بۇرنىنى ئىلگىرى كىملەر توپىغا مىلىگەن ئىدى، ئافغانىستاندىكى مۇجاهىدلار ئەمەسمۇ؟ بىز پات يېقىندا الله نىڭ ئىزنى بىلەن شامدا رۇسىيىنىڭ بۇرنىنى توپىغا مىلەيمىز. ئىلگىرى رۇسىيىنىڭ بۇرنىنى توپىغا مىلىگەن كىشىلەر بىزنىڭ ئافغانىستاندىكى تالىبان قېرىنداشلىرىمىزدۇر. بۇگۈن ئۇلار (تەكفىرىيچىلەر) ئاتالمىش «تالىباننىڭ مۇرتەدلىكىنى بايان قىلىش ھەققىدىكى بايانات» ناملىق بىر كىتابنى چىقاردى. بىز الله تائالادىن بىزنى سالامەت ۋە خاتىرجەم قىلىشنى سورايمىز.

ئۈچىنچى سۈپەتكە كەلسەك، بۇ ئاساسلىق سۈپەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئاساسلىق ئىككى سۈپەت بولسا بىرى مۇجاهىدلارنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مۇرتەدكە چىقىرىش؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈش. ئى قېرىنداشلىرىم، مەن «كاپىرغا چىقىرىش الله نىڭ دىنىدا يوق» دېمەكچى ئەمەسمەن. «كاپىرغا چىقىرىش» ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ھۆكۈملىرىدىن بولغان بىر ھۆكۈمدۇر. لېكىن كىمنى كاپىرغا چىقىرىدۇ؟ كاپىرنى ۋە ئىسلام دىنىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن بىرەر ئامىلغا چۈشۈپ قالغان كىشىنى شەرئى پاكىتلىرى بىلەن كاپىرغا چىقىرىدۇ. مەن گەپنى ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۈچىنچى سۈپەتنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ ئىزنى بىلەن، تېز ئوقۇپ ئۆتىمەن. چۈنكى بۇ لېكسىيە سىلەر بىلگەندەك ئومۇمىي لېكسىيىدۇر.

ئۈچىنچى سۈپەت: تارىختا ئۆتكەن خاۋارىجلارنىڭ ئىچىدە يېشى كىچىك، ئەقىلسىزلەر كۆپ ئىدى- قاراڭ، بىز ھازىر ١٤٠٠- يىلدىن كېيىنكى زاماندا تۇرۇۋاتىمىز - مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە كىچىكلەرنىڭ بولۇشىدا ھېچ گەپ يوق. لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە جىھاد رەھبەرلىرىنىڭ ۋە مۇئەييەن جامائەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەقىلسىزلىك بىلەن كاپىرغا چىقىرىدىغان ئەقىلسىز كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىدىدۇر. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا مۇنداق دېگەن: «نىزامغا (يەنى بەششار ھۆكۈمىتىگە) قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قارىغاندا، سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش لايىقراقتۇر». مەن: «سەۋەبى نېمە؟» دېسەم، ئۇ: «چۈنكى سىلەر مۇرتەد، نىزام (يەنى بەششار ھۆكۈمىتى) ئەسلىي كاپىردۇر» دېدى. مانا بۇ ئەقىلسىزلىك ئەمەسمۇ؟ شۇنداق! بەلكى الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئەقىلسىزلىكنىڭ ئەڭ قەبىھلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. بىز الله تائالادىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز.

سىزنىڭ «جەبھەتۇننۇسرا»نى، «جەيشلفەتىھ»نى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ھەممىسىنى «مۇرتەد» دەپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىڭىز ئەقىلسىزلىكتۇر. سىز نىزامغا (يەنى بەششار ھۆكۈمىتىگە) قارشى ئۇرۇش قىلىڭ. ئاندىن بۇلارغا (يەنى مۇجاھىدلارغا) قاراڭ! ئاجىزلارغا چۈشۈۋاتقان ئۆلۈم تۆكلىرىدىن (يەنى ئايروپىلاندىن تاشلايدىغان پارتلىتىش ماددىلىرى قاچىلانغان تۇڭلاردىن) كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان كىشىنى كاپىرغا چىقىرىڭ ۋە خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ. مۇجاھىدلار نىزامغا (يەنى بەششار ھۆكۈمىتىگە) قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ مۇجاھىدلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئەقىلسىزلىكتۇر - ھەممىڭلار ئەسلەپ بېقىڭلار - مۇجاھىدلار جىسىرشۇغۇرغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار (يەنى دۆلەتتىكىلەر) مازۇتنى ئۇزۇپ قويدى ۋە مارېھ (يەر ئىسمى) تەرەپتىن ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. سىز بۈگۈنكى كۈندىكى يەنە بىر ھالەتكە قاراڭ، رۇس كىرگەندە، رۇسىيە ۋە ئىران كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار (يەنى «دۆلەت جامائىتى»دىكىلەر) مۇجاھىدلارغا قارشى ئۇرۇش

قىلىشتىن قولىنى يىغىشى ۋە ئۇرۇشنى توختىتىشى كېرەك ئىدى. سىز رۇسىيە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ «مۇشات مەكتىپى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى بايقايسىز، سۇبھانەللاھ. بۇنداق قىلىش ئەقىلسىزلىك سۆپەتلىرىنىڭ قەبىھرەكى ئەمەسمۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، شۇنداق.

تۆتىنچى سۈپەت: تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ياخشى بولۇشى. سۇبھانەللاھ! شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى مۇشۇ خىلدىكى سۈپەت بولغانلىقى ئۈچۈن) خاۋارىجلار توغرۇلۇق سۆزلەشتە ئەستائىدىل ئويلىنىشقا ئېھتىياجلىق بولىمىز. نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ «سەھىھۇل بۇخارى» ۋە «سەھىھۇل مۇسلىم»دا رىۋايەت قىلىنغان خاۋارىجلار توغرۇلۇق ئون ھەدىسنى تىلغا ئالدى؟ چۈنكى مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق. ئومۇمىي كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئى قېرىندىشىم، مەن ساقىلى بار، (كاپىرلارغا قارشى) ئۇرۇش قىلىۋاتقان ياكى جىھاد قىلىۋاتقان كىشىلەردىن قانداقمۇ ئايرىلىپ كېتەي!؟». شۇڭا، ئىشلارنى ئۆلىمالارغا قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر. ئىمام ئەجەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشىنىڭ مەزھىبى خاۋارىجلارنىڭ مەزھىبى بولۇپ قالسا (يەنى ئۇ قاچانكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە كاپىرغا چىقارغان بولسا) ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە، يەنى قۇرئان ئوقۇشىغا، نامازنىڭ قىيامىدا ئۇزۇن تۇرۇشىغا، كۆپ روزا تۇتۇشىغا ۋە گېپىنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ». بىز الله تائالادىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز.

ھازىر بەزى كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئى قېرىندىشىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھاجىرلار، ياخشى كىشىلەر ۋە مۇنداق - مۇنداق كىشىلەر بار تۇرسا، مەن ئۇلارنى قانداقمۇ خاۋارىج دەيمەن!؟».

كىمكى مۇسۇلمانلارنى ناھەق ئۆلتۈرسە ۋە دەلىلسىز كاپىرغا چىقارسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئۇنىڭغا مەنپەئەت بەرمەيدۇ. خاۋارىجلار ساھابىلەردىن خەبباب ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى ئۆلتۈردى. تۆتىنچى خەلىپىنى كىم

ئۆلتۈردى!؟ خاۋارىجلار ئۆلتۈردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن ئىبنى مۇلجەمنى - ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن - ساھابىلەر ئىبنى مۇلجەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۇنىڭغا: «نېمىشقا يىغلايسەن؟» دېيىشتى، ئۇ: «اللە نى زىكىر قىلىشقا تىلىم ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. ئۇ ھازىر اللە نى زىكىر قىلىشتىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ» دېدى. ئەگەر سەن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرسەڭ ۋە كاپىرغا چىقارساڭ، ساڭا ياخشى سۆزلىرىڭمۇ مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ اللە تائالانىڭ ﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا﴾ «سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟»[١] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يەنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ زىيان تارتقۇچىراقى ﴿الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ﴾ <ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان>[٢] قەلبلىرىدە ﴿وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا﴾ <ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر>[٣]». ئۇ ئۆزىنى مۇجاھىد دەپ ئويلايدۇ، خىلاپەتنى قايتا قۇرۇشنى خىيال قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى گۇمان قىلىدۇ. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئايەتنى خاۋارىجلار ھەققىدە چۈشكەن دەپ ئويلايمەن». ئۇ (يەنى خاۋارىج) ئۆزىنى «ھەق ئۈستىدە» ۋە «اللە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا راستچىل» دەپ ئويلايدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ قېنىنى

[١] سۈرە كەھف 103- ئايەت.
[٢] سۈرە كەھف 104- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[٣] سۈرە كەھف 104- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۆكىدۇ ۋە ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ. سىز ئۇلاردا (يەنى «دۆلەت جامائىتى»دە) «تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ياخشى بولۇشى» بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا قاراپ بېقىڭ! بار. ئەمدى بىز كېيىنكى سۈپەتكە كېلەيلى.

بەشىنچى سۈپەت: خاۋارىجلار قۇرئاننى خاتا چۈشىنىدۇ. كاپىرلارغا تەتبىقلايدىغان ئايەتنى مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلايدۇ. سىلەرگە بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي. بۈگۈن «باغدادىي جامائىتى» الله تائالا نىڭ ﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُمْ مِنَ الْكُفَّارِ﴾ «سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار»[1] دېگەن ئايەتنى مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلاۋاتىدۇ.

دېمەك ئۇلار كاپىرلارغا تەتبىقلىنىدىغان ئايەتنى مۇئمىنلەرگە تەتبىقلايدۇ. ئۇلار: «ئى پالانى، سەن كاپىر، چۈنكى سەن پۈستاننى دوست تۇتتۇڭ؛ پۈستانى دېگەن كاپىر»دېيىشىدۇ. ئۇ گېپى ئارقىلىق مەقسەت قىلغىنى الله يولىدىكى مۇجاھىدتۇر. ئۇلار كاپىرلار توغرۇلۇق چۈشكەن ئايەتكە قاراپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراڭ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر، ئۇلار كاپىرلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتنى مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلايدۇ». بۇ خىل ئەھۋال «دۆلەت جامائىتى»دە مەۋجۇتمۇ - يوق؟ مەۋجۇت. بىز بۇنىڭغا ئانداپ يەنە بىر مىسال كەلتۈرىمىز: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ؛ ھەتتا ئۇلار مەلۇم ئەرنىڭ (نىكاھىدىكى) ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ: <ئېرىڭىز كاپىر> دېگەن گۇمان بىلەن ئۇ ئايالنى ئۆزىدىن بولغان بىر ئەرگە نىكاھلاپ بېرىدۇ». بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇتمۇ

[1] سۈرە تەۋبە 123- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

- يوق؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەۋجۇت. نۇرغۇنلىغان مۇجاھىدلارنى تونۇيمەن، ئۇلار: «ئاياللىم ئۇ تەرەپكە ‹خىلاپەت› دېگەن گۇمان بىلەن كەتكەن ئىدى. ئۇلار ‹ئېرىڭىز مۇرتەد› دەپ ئاياللىمنى ئەرگە بېرىپتۇ» دېيىشىپ يىغلىشىۋاتىدۇ، سۇبھانەللاھ! ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى قانچىلىك ۋاقىت بۇرۇن ئېيتقان. ١٤٠٠ يىل بۇرۇن ئېيتقان ئىدى. بۈگۈن بۇ ئىش يەنە تەكرارلىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بەشىنچى سۈپىتىدۇر.

ئالتىنچى سۈپەت: ئۆلىمالار ئېيتىدۇ: «خاۋارىجلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ». ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئۆلىمالار خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىگە ئۇيغۇنلاشقانلارغا ئۇنداق قىلمايدۇ. خاۋارىجلار مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش باشلىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى پەقەت ئۆلتۈرۈش بىلەنلا چېكىندۈرىلىدۇ». «منهاج السنة النبوية» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئەدنانىينىڭ سۆزىگە قولاق سېلىڭ! بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز جامائەتلەرنى پارچىلايمىز، سەپلىرىنى تىتىۋېتىمىز. بارلىق تەشكىلاتلارنى بىتچىت قىلىمىز، ئۇنداق قىلىمىز - بۇنداق قىلىمىز».

بىز ئېيتىمىزكى: «ئى ‹دۆلەت›، ئويلاپ باققىن! ھەقىقەتەن بىز سىلەرگە باغىيلىق قىلغان بولساق، ئۇنداقتا يەمەندىكى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان باتۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گۇناھى نېمە؟ سىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ يەمەندىكى مۇجاھىدلارنىڭ سېپىنى پارچىلىۋەتتىڭلار. سومالىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى پارچىلىۋەتتىڭلار. لىۋىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى پارچىلىۋەتتىڭلار». بۇمۇ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. قاراڭ، ئۆلىمالار يەنە مۇنداق

دەيدۇ: «خاۋارىجلار ئۆزىگە قوشۇلمىغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆلتۈرۈشتىن باش تارتمايدىغان كىشىلەردۇر». ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەڭ زىيانلىق كىشلەر خاۋارىجلاردۇر. يۇتۇن يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ مۇسۇلمانلارغا كەلتۇرگەن زىيىنى خاۋارىجلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ زىيىنچىلىكىمۇ بولمىغان ئىدى». ھەقىقەتەن خاۋارىجلار ئۆزىگە ئۇيغۇنلاشمىغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشتىن باش تارتمايدىغان كىشىلەردۇر. بۈگۈنكى كۈندە خاۋارىجلار بىلەن مۇجاھىدلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش سەپلىرىدە تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنى «سەپلەردە تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى» دېيىش مۇمكىن. لېكىن كۆرمىدىڭلارمۇ؟ زور پارتىلىغۇچى ماددىلار سەلقىنىگە، سەرماداغا ۋە پالانى - پۇستانى يەرلەرگە يېتىپ بارماقتا. ھەلەب ۋە باشقا يەرلەردە (يۈز بەرگەن ئىشلار). بۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ئەمەسمۇ؟ ئى قېرىنداشلار، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا پەقەت ئۇرۇش ئېچىشقىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىر پارتىلىغۇچى ماددىلىرىغا گۇۋاھ بولالايدىغان مۇسۇلمانلاردىن ۋە مۇجاھىدلاردىن سوراپ بېقىڭلار. خاۋارىجلار قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئەبۇ خالىد سۇرىي ۋە ئۇلاردىن باشقا جىھاد ئالىملىرىدىن سوراپ بېقىڭلار.

يەتتىنچى سۈپەت: خاۋارىجلار قۇرئاندىكى مۇھكەم ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈپ، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. ئى قېرىنداشلىرىم، الله نىڭ دىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئاساسەن بۆلىدۇ، قۇرئان ۋە سۈننەت مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھ بولىدۇ. مۇھكەم ئايەتلەر روشەن ئايەتلەردۇر. الله تائالا ئېيتىدۇ: ﴿وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا﴾ «كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن».[1] بۇ ئايەت مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى

---

[1] سۈرە نىسا نىسا 93- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەققىدىكى روشەن ئايەتتۇر. ھەقىقەتەن كىمكى مۇئمىننى ناھەق ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا جەھەننەمنىڭ ئوتى بار. ئۇلار مۇسۇلمانىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدىكى روشەن ئايەتنى تەرك ئېتىپ، مۇتەشابىھ ھەدىسلەرگە ئەگىشىۋاتىدۇ ھەمدە «بىز دابىق يايلىقىغا پات ئارىدا بارىمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ﷺنىڭ دابىق يايلىقى ھەققىدىكى ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دېيىشىدۇ: «بۇ ھەدىسلەر بىز توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىدۇ». بۇ تۈردىكى ھەدىسلەر مۇتەشابىھ ھەدىسلەردۇر. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى دابىق يايلىقى بۈگۈن پالانى گۇرۇھنىڭ قولىدا بولسا، ئەتە باشقا جەڭ بولۇپ پۈستانى قوشۇننىڭ قولىدا ئۆتىدۇ. ئىككى يىل ئاۋۋال دابىق يايلىقى سۈرىيىدىكى نۇسەيرىيە ھاكىمىيىتىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ھەقنى دابىق يايلىقىغا ئاساسەن تونۇش ئەقىلگە ئويغۇنمۇ؟ بىر كىشى دابىق يايلىقىنى ئالسا، ئۇ ھەق ئۈستىدە؛ ئۇنى ئالمىسا، باتىل ئۈستىدە بولامدۇ!؟ ئۇنداق ئەمەس. مانا بۇ مۇتەشابىھ بولغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردۇر. سەن «الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى مۇنداق دېدى» دېگەن كىشى ئارقىلىق ھەقنى تونۇغىن. بۈگۈنكى كۈندىكى شەرقىي غوتەگە قاراڭ! پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قاتتىق قىرغىنچىلىق بولغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزى غوتە بولىدۇ»[1]. «غوتەنى ئالغان كىشى ھەق ئۈستىدە، ئۇنى ئالمىغان كىشى باتىل ئۈستىدە» دېيىش ئەقىلگە ئويغۇنمۇ؟ مانا بۇ ھەدىسلەر «مۇتەشابىھ ھەدىسلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلار مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە يۆنىلىۋالىدۇ. مۇھكەم ئايەتلەرگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىدئەت ئەھلى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي چاقىرىقنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇتەشابىھ بولغانلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شۇلارغا ئەگىشىدۇ؛ مۇھكەملىرىنى تەرك ئېتىدۇ. خۇددى خاۋارىجلارغا ئوخشاش». كېلىڭلار، ئۇ قېرىنداشلار، كېيىنكى سۆپەتكە قاراپ باقايلى!

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سەككىزىنچى سۇيەت: خاۋارىجلار ئۇلىمالارغا، ئىلىم ئەھلىلىرىگە ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىگە تەنە قىلىشىدۇ. بۇ سۇيەت قاچان، كىملەردە سادىر بولغان؟ پەيغەمبەر ﷺ زامانىسىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ياشاپ ئۆتكەن تۇنجى خاۋارىج زۇل خۇۋەيسەرە كىمگە تەنە قىلغان؟

ئۇ پەيغەمبەر ﷺغا تەنە قىلغان. كىشىلەرنىڭ ئالىمى ھەممە ئىلىم ۋە تەقۋالىقتىكى ئىمامى كىم؟ ئۇ پەيغەمبەر ﷺدۇر. ئۇ خاۋارىج (يەنى زۇل خۇۋەيسەرە) پەيغەمبەر ﷺنىڭ يېنىغا كېلىپ: «اللە تىن قورق» دېدى. ھەتتا «ئى رەسۇلۇللاھ، اللە تىن قورق!» دېمىدى، بەلكى «ئى مۇھەممەد، ئادىللىق قىل!» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ۋاي ئىست ساڭا! ئەگەر مەن ئادىللىق قىلالمىسام، كىممۇ ئادىللىق قىلالىسۇن؟» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ «ياق، پات ئارىدا بۇنىڭ نەسلىدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇ - يەنى بۇنىڭ نەسلىدىن تۇرغۇن خاۋارىجلار مەيدانغا كېلىدۇ - ئۇلار نامىزىڭلارنى ئۆزلىرىنىڭ نامازلىرى ئالدىدا، روزىلىرىڭلارنى ئۆزلىرىنىڭ روزىلىرى ئالدىدا تۆۋەن سانايدۇ. . . » دېگەن ھەدىسنى زىكىر قىلدى. دېمەك ئەھلى ئىلىملەرگە تەنە قىلىش خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. خاۋارىجلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلار «ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قاتارىدىن» دەپ خىيال قىلغان ئىدى، ھالبۇكى ئۇلار ساھابىلەردىن ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇن سەدىقە قىلسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد ياكى يېرىم مۇدچىلىك نەرسىسىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ».[1] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارنىڭ يېنىغا كىرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن يېنىڭلارغا كىشىلەرنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ياخشىلىرىنىڭ يېنىدىن كەلدىم - يەنى ساھابىلەرنىڭ يېنىدىن كەلدىم - سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇلاردىن بىرسىمۇ يوق(يەنى ئاراڭلاردا ساھابىلەردىن بىرسىمۇ يوق)». ئۇلار مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس قۇرئان ئوقۇيالايدۇ، لېكىن ئۇنى چۈشەنمەيدۇ». الله ئەكبەر! ئىبنى ئابباس قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنى چۈشەنمەيدىكەن؟ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ قۇرئاننىڭ تەرجىمانى ۋە قۇرئانغا ئەڭ ئالىم كىشى ئىدى. ئۇلار ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى تىللاۋاتىدۇ ۋە «ئىبنى ئاببااس قۇرئاننى چۈشەنمەيدۇ» دەۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ! بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئېيتىشىدۇ: «ھەقىقەتەن بىز قۇرئان ئوقىدۇق. بىزدىنمۇ قارىراق ۋە بىزدىنمۇ ئالىمراق كىشى بارمۇ؟».

توققۇزىنچى سۈپەت: «ئۆزلىرىنى ئۆلىمالاردىن، سالىھلاردىن ۋە ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بىھاجەت ساناش» خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەدنانىينىڭ ئاخىرقى سۆزىگە قولاق سېلىڭ! ئۆلىمالار توغرىسىدا نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۇ تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن مۇنداق دەۋاتىدۇ: «بىز بەلگىلەرنى ۋە بۇتلارنى (يەنى ئۆلىمالارنى) يىقىتتۇق». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋۇلار — يەنى ئۆلىمالار — ئىشەك مىجەز كىشىلەردۇر» سۇبھانالللاھ! ئۇ (يەنى ئەدنانىي) دەسلەپكى خاۋارىجلارغا ئوخشاش گەپ قىلىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئاندىن ‹بىزدىن ئارتۇق ئالىم بارمۇ؟ بىزدىن ئارتۇق فىقھى بارمۇ؟›». پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلار دوزاخنىڭ ئوتۇرۇقى قىلىنىدۇ».[1] الله تىن تىنچ - ئامانلىقنى ۋە سالامەتلىكنى سورايمىز.

خاۋارىجلار (كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى) ئۆلىمالارغا مۇراجەت قىلمايدۇ. ھەق ئەھلىلىرى ئۆلىمالارغا مۇراجەت قىلىدۇ. ئەدنانىي ئاخىرقى سۆزىدە نېمە

[1] تەبەرانىي ۋا بەززار رىۋايىتى، ئەلبانىي «سەھىھ» دېگەن.

دېدى: «‹دۆلەت›نىڭ ئىشلىرىدا شەك قىلغانلار، (باشقا جامائەتلەردىن) بۆلۈنۈپ ‹دۆلەت›كە قوشۇلغانلاردىن سوراپ بېقىڭلار! — ‹عوام الناس›تىن، يەنى ئاددىي كىشىلەردىن سوراپ بېقىڭلار!» الله تائالا بىزنى كىمدىن سوراشقا بۇيرۇغان؟ الله تائالا بىزنى ئۆلىمالاردىن سوراشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ﴾ «بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار».[1] ئۇنداقتا، ئۇلاردا «ئۆلىمالارغا تەنە قىلىش» بارمۇ - يوق؟ بار. ياخشى، ئەمدى بىز ئۆلىمالارغا كېلەيلى. ئىمام شاتىبىي رەھىمەھۇللاھ «الا عتصام» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «خاۋارىجلاردىكى بۇزۇقچىلىقنىڭ بىلتىزى بولسا ئۇلار سەلەف - سالىھلارغا تەنە ۋە لەنەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تۈنجىلىرىدۇر». بۇ ھالەت بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ، سۇبھانالللاھ! ئى قېرىنداشلار، سىلەرگە سۆزلەۋاتقان بۇ سۆزلىرىمنى ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل قىلمايۋاتىمەن؛ بەلكى بۇلارنى ئىبنى تەيمىيە، شاتىبىي، ئىبنى ھەزىم ۋە ئىبنى ئۆمەرلەردىن (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نەقىل قىلىپ سۆزلەۋاتىمەن. ١٤٠٠ يىلدىن بېرى بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزى، ئوخشاش تارىخ تەكرارلىنىۋاتىدۇ. قەلبىدە شۈبھە بولغان بىر كىشى كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن (ئۇنىڭ قەلبىدە شۈبھە بولىدۇ)؟ چۈنكى ئۇ ئەھلى ئىلىملەرگە ئەگەشمەيدۇ. پىتنە كەلگەندە ئۇنى ئالىملاردىن باشقا كىشىلەر تونۇيالمايدۇ. لېكىن پىتنە كەتكەندە، ئۇنى ھەممە كىشىلەر تونۇيالايدۇ. كېلىڭ، تۆۋەندىكى سۈپەتكە قاراپ باقايلى!

ئونىنچى سۈپەت: خاۋارىجلارنىڭ ئۇلارنى يېتەكلەپ ماڭالىغۇدەك ئالىملىرى، ئېسىلغۇدەك كىتابلىرى يوق. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار كىشىلەرنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى

[1] سۈرە نەھل ٤٣- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۆزلىرىدىن بىلىندۇ. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىمۇ، ئۆلىمالىرىمۇ يوق». ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار قۇرئانغا ئالىم ئەمەس، دىندا فىقھشۇناس ئەمەس ۋە شەرھىدە ئالىم ئەمەس. دىنى مەسىلىلەر ھەققىدە ئىسلامدا ئالدىدا ماڭغۇچىلار ئەمەس».[1]

بۈگۈنكى كۈندە تونۇلغان چوڭ ئالىملارنىڭ ئارىسىدا خاۋارىجلارنىڭ ئالىملىرى بارمۇ؟ ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ تونۇلغان ئالىملارنىڭ ئارىسىدىن ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغان بىرمۇ ئالىمنى تاپالمايسىز. ئۇلار ئىلىم ساھەسىدىكى يېڭى ياشلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى پۈۋلەپ (يەنى ماختاپ) ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويىدۇ.

(ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى) ئۆلىمالار قېنى، ئۇممەت ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى خىلاپەت جەڭلىرىگە جۇغلىشىۋالدىمۇ؟ سۇبھانالله! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆلىمالارنىڭ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ئەڭ روشەن سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «دۆلەت جامائىتى»دىكى خاۋارىجلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىنى تارقىتىشىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ئەبۇ قەتادە فەلەستىينى ھەفىزەھۇللاھنىڭ كىتابلىرىنى تارقاتىشاتتى، ئەبۇ قەتادە فەلەستىينى خاۋارىجلارغا قارشى تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەبۇ قەتادە فەلەستىينىنى چۈشۈرۈشكە ۋە تىللاشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن، پالانى ۋە پۇستانى كىتابلارنى تارقىتىدۇ. قانداقلا كىشى ئۇلارغا قارشى تۇرسا، ئۇلار دەرھال ئۇنى يىقىتىپ تاشلايدۇ ۋە «سەن ئىلىم ئەھلى ئەمەس» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئالىملار قالمىغاندا، ئەدنانىي مۇنداق دېدى: «ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز شەكللەرنى ۋە ئالىملارنى يىقىتىپ، خىلاپەت ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتۇق».

[1] «تاريخ الطبري» ناملىق كىتاب.

ئۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى خىلاپەت قۇرۇش ئۈچۈن) ئۆلىمالار قەيەردە؟ ئىلىمسىز ھالەتتە الله تەرەپكە قانداق ماڭىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار الله تائالانىڭ ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ﴾ «بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى دىن سوراڭلار»[1] دېگەن سۆزىگە پەرۋا قىلمايدۇ. كېلىڭلار، تۆۋەندىكى سۈپەتكە ئۆتۈپ كېتەيلى! ئەمدى تۆۋەندىكى ئاجايىپ سۈپەتكە قولاق سېلىڭ!

ئون بىرىنچى سۈپەت: خاۋارىجلار ئۆز يۇرتىنى «ئىسلام دىيارى»، باشقا يەرلەرنى الله نىڭ شەرىئىتى تەتبىقلانمايدىغان «كۇفرى دىيارى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ سۈپەت «دۆلەت جامائىتى»دە مەۋجۇتمۇ - يوق؟ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ۋە ئەدنانىي ئىسمىلىك باياناتچىسىنىڭ خىتابلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام يۇرتىغا (يەنى ئەدنانىينىڭ جامائىتىگە) قوشۇلغىن، ھەقىقەتەن ئۇ زېمىندىن باشقا يەرلەردە الله نىڭ شەرىئىتى تەتبىقلانمايدۇ». بىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟ باشقا يەرلەردىكى مۇجاھىدلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ لىۋىيىدىكى، سومالىدىكى يەمەندىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زېمىنلاردىكى مۇجاھىدلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ الله نىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىۋاتقان ئەمىر - ھاكىملار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» (الله نىڭ شەرىئىتىنىڭ تەتبىقلانغىنى بولماي) نېمە؟ سۇبھانالللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، ھەيران قالارلىق! مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئەقىللىرى نەگە كەتتى؟ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دېگەنگە ئوخشاش، «ئۇ زاماندا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرى تارتىلىپ كېتىدۇ».[2] ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇلارنىڭ ئىنچىكە سۈپەتلىرىگە دىققەت قىلىڭ! ئۇ مۇنداق

[1] سۈرە نەھل ٤٣-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانىي «سەھىھ» دېگەن.

دەيدۇ: «خاۋارىجلارنىڭ بىر چۈشەنچىسى بولۇپ، بۇ چۈشەنچىسىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى، جامائىتى، دىيارلىرى بىلەن ئايرىلىپ چىقىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ دىيارلىرىنى ‹ھىجرەت دىيارلىرى›، ئۇنىڭدىن باشقا زېمىنلارنى ‹كۇفرى ۋە ئۇرۇش دىيارلىرى› دەپ ئاتىشىدۇ». «مجموع الفتاوى» ١٣-تومدىن ئېلىندى.

بۇ خىل ھالەت («دۆلەت جامائىتى»دە) مەۋجۇتمۇ - يوق؟ (ئۇلارنىڭ سۆزىچە) «ئۇلارنىڭ ئىمامى بىردىنبىر ئىمام، دىيارى بىردىنبىر (ئىسلام) دىيارى؛ باشقا زېمىنلار كۇفرى زېمىنلىرىدۇر». ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز بىلەن ئىسلام زېمىنىغا قوشۇلۇڭلار»، سۇبھانالالاھ! ئەمدى، تۆۋەندىكى سۈپەتكە يۈتكىلەيلى.

ئون ئىككىنچى سۈپەت: خاۋارىجلار جامائىتى ئۆزلىرى بېكىتكەن، ئۆزلىرى تىكلىگەن ۋە ئۆزلىرى «ئەمىرۇلمۇئمىنىين» دەپ ئاتىۋالغان ئىمامنىڭ گېپىنى قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە قارشى چىققان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ. شەھرىستانىي خاۋارىجلار توغرۇلۇق «الملل والنحل» دېگەن كىتابىتا مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلارنىڭ بىدئىتى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇلار ئىمام بېكىتىشنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ رايى بويىچە ئۇنى ئىمام قىلىپ تىكلەشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ئىمام كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدۇ. ئەگەر ئىمامغا بىرەر كىشى قارشى چىقسا، ‹ئىمام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئىمامغا قارشى چىققان كىشىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ› دەپ قارايدۇ» ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ خاۋارىجلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار كىشىلەردىن ئىمامى، جامائىتى ۋە قورو - جايى ئارقىلىق ئايرىلىۋالىدۇ». ئەمدى سىز ئۇلارنىڭ ئەھدۇپەيمانلارنى بۇزىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ هُمُ

الْخَاسِرُونَ﴾ «پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە -رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر».[1] مۇسئەب ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن دادامدىن: ‹يۇقىرىقى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان كىشىلەر كىملەر؟› دەپ سورىسام، دادام: ‹ئۇلار ھەرۇرىيەرلەردۇر (يەنى خاۋارىجلاردۇر)› دېدى». سىز ئۇلارنىڭ ئەھدىنى بۇزىدىغانلىقىغا ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىغا قاراڭ، ئاجايىپ بىر ئەھۋالنى

ئۇچرىتىسىز. سىز «لواء التوحيد» مەدرىسىگە كىرگەن («دۆلەت جامائىتى»دىكى) كىشىگە قاراڭ. ئۇ كىرىپ: «بىز سىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن كىردۇق» دېدى. ئاندىن كىشىلەر (ئۇنىڭ يېنىغا) يىغىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنى قوشۇپ پارتلاتتى. بۇ ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟ سىز ئۇرۇمدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىدا يۈز بەرگەن ھادىسىگە قاراڭ. ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى، بىر ھەپتە ئىلگىرى مەن بىر كىشىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىرى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ: ‹مەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇي› دېگەن» دېدى. سىز دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر كىشىنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ: «‹مەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇي› دېگەن» دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا سىز: «كېلىڭ، بىز بىلەن ناماز ئوقۇڭ» دەيسىز. ئاندىن ئۇ كىشى (زىيارەت قىلىنغۇچى) مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كىشى كېلىپ: ‹مەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇماقچى ئىدىم› دېدى، بىز: ‹مەرھەمەت، كېلىڭ، الله سىزنى ئامان قىلسۇن!› دېدۇق. بىز ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ — سىز ئومۇمي كىشىلەرگە قاراڭ. ئۇلار تاشقى كۆرۈنۈشكە قارايدۇ ۋە شۇنى ئېتىبارغا ئالىدۇ — ‹بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىڭ› دېدۇق. بىز (ناماز ئۈچۈن) يىغىلغان ۋاقىتتا، ئۇ

[1] سۈرە بەقەرە 27- ئايەت.

بەلۋېغىنىڭ — يەنى ماددا قاچىلانغان بەلۋېغىنىڭ — ھالقىسىنى تارتىپ پارتلاتتى». الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلىدىم، لېكىن كەسكىن تەستىقلىيالمىدىم. ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ كىشىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭ پۇتى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ پۇتىدىن بارماقچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ھازىرغىچە ماڭالمايدۇ. ئۇ بىزگە: «مۇشۇ ھادىسىلەر يۈز بەردى» دېدى. مانا بۇ ئالدامچىلىق، يەنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ ئالدامچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. بىز الله تائالادىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز. يۇقىرىدىكى ۋەقەگە گۇۋاھ بولالايدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ.

ئون ئۈچىنچى سۈپەت: خاۋارىجلار مۇسۇلمانلارغا ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ شەرىئەتنى تەتبىقلىمايدىغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ، سۇبھانالللاھ! ١٤٠٠ يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوخشاش ئىش قايتا تەكرارلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا «سىلەر شەرىئەتنى تەتبىقلىمايسىلەر» دەپ داۋا قىلىۋاتىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، ئى قېرىنداشلار، مەن بۇ مەزمۇنلارنى ئوقۇۋاتىمەن ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن ئوقۇغان نەرسىلەرگە قارىتا «سۇبھانالللاھ» دەيمەن. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بۈگۈن ئارىمىزدا بارمۇ؟ نازۇك ۋە ئىنچىكە سۈپەتلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئىبنى ھەزىم رەھىمەھۇللاھ ياكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار بۈگۈن ئارىمىزدا بارمۇ؟ ئىبنى جەرىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە ئوقۇۋاتقانقاندا، خاۋارىجلاردىن بىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ: ‹ئى ئەلى، سەن الله نىڭ دىنىغا الله نىڭ شەرىئىتىنى يۈرگۈزمەيدىغان كىشىلەرنى شېرىك قىلدىڭ!› دېدى ۋە ‹ھۆكۈم پەقەت الله ئۈچۈن› دېدى. نەتىجىدە، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ‹ھۆكۈم پەقەت الله ئۈچۈندۇر›، ‹ھۆكۈم پەقەت الله ئۈچۈندۇر› دەپ توۋلاشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹بۇ ھەق سۆز، لېكىن

سىلەر ئۇنىڭ بىلەن (يەنى ‹هۆكۈم پەقەت اللە ئۈچۈندۇر› دېگەن سۆز بىلەن) باتىلنى مەقسەت قىلىۋاتىسىلەر› دېدى».

ئون تۆتىنچى سۈپەت: (خاۋارىجلارنىڭ) ئىلمىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىلىمسىزلىكنىڭ تارقىلىشى. مانا بۇ تارىختا ئۆتكەن خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىبنى هەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار ئۆزلىرىگە قارشى چىققان كىشىنى كاپىرغا چىقارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆكىدۇ، زىممىيلەرنى كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئاندىن ‹بىز زىممىيلەرنىڭ ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىمىز› دەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەلبلىرى ئىلىم نۇرى بىلەن ئېچىلمىغان نادان ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ».

ئون بەشىنچى سۈپەت: ئۆزلىرىگە قارشى چىققان كىشىلەرنى مۇرجىئىلىك بىلەن سۈپەتلەپ «پالانى بولسا مۇرجىئەلەرنىڭ قاتارىدىندۇر» دېيىش خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا قارشى چىققان كىشى ئالىم بولسىمۇ ۋە مۇرجىئىلەر ھەققىدە (مۇرجىئىيلەرنىڭ خاتالىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ) سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى مۇرجىئىيگە چىقىرىدۇ، سۇبھاناللاھ. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار ‹أهل السنة والجماعة› ئەقىدىسىنى ‹مۇرجىئىي› ئەقىدىسى دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزىدە يالغانغا چىقىرىلغان».

ئون ئالتىنچى سۈپەت: ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ۋە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇش. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاراڭلاردا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئىبادەتتە مۇستەھكەم تۇرىدىغان، ھەتتا ئۇلاردىن كىشىلەر ئەجەبلىنىدىغان ۋە ئۆزلىرىگە تەمەننا قويىدىغان بىر قەۋم بار. ئۇلار دىندىن

ئوق ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ خىل ھالەت (ئۇلاردا) ئىنتايىن روشەن.

ئون يەتتىنچى سۈپەت: «مۇسۇلمانلار بۆلۈنگەن ۋە ئۆز - ئارا ئىختىلاپلاشقان ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىش» خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ئاشكارا بولغان. شۇنىڭدەك ئۇلار بۈگۈن شامدا جامائەتلەر بۆلۈنگەن ۋاقىتتا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ خاۋارىجلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار كىشىلەر بۆلۈنگەن ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ (يۇقىرىقى ھەدىستىكى) كىشىلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە بۆلۈنۈشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (بۆلۈنۈش) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۆلۈنۈشتۇر».

ئون سەككىزىنچى سۈپەت: «كىشىلەرنىڭ تەۋبە قىلىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە كىشىلەرنى الله نىڭ دىنىدىن چىقىرىشقا ئالدىراش» خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇلار بۈگۈن كىشىلەردىن تەۋبە تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىدارە قۇردى. مەن «باغدادىينىڭ خىلاپىتى»نى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن. مېنىڭ بىلىشىمچە تەۋبە تەلەپ قىلىش كۇنلىرى، ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئاساسلانغاندا يەكشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرىدۇر. شەيخلەردىن بىرى ياكى خالىغان بىر كىشى ئۇلارغا قېتىلىشنى ئويلىسا، ئۇلار قېتىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ تەۋبە قىلىشنى ئېيتىپ: «كەل، بىز سېنىڭ كۇفۇرلۇقتىن تەۋبە قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز» دېمىگۈچە ئۇ كىشىلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇتمۇ - يوق؟ مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال تارىختىمۇ يۈز

بەرگەن. ئۇلار بۇنى (يەنى تەۋبىنى) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەقسىتىمىز شۇكى، ئى ئەلى، سەن رەببىڭ ئۈچۈن غەزەبلەنمىدىڭ، بەلكى ئۆزۈڭ ئۈچۈن غەزەبلەندىڭ! ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ كاپىرلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تەۋبە قىلساڭ، ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشلارغا قاراپ باقىمىز». «البداية والنهاية» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

شەيخ سالاھىددىن ئۇلار بىلەن سۆلھى تۈزۈش، ئۇرۇش توختىتىش ياكى باشقا ئىشلارنى مەسلىھەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ رىققىگە بارغان ئىدى. شەيخ سالاھىددىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇلار مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى <دۆلەت جامائىتى>دىن باشقا جامائەتلەر) تەۋبە قىلمىغۇچە، بىز بۇنداق (يەنى سۆلھى تۈزۈش، ئۇرۇش توختىتىش. . . قاتارلىقلار ئىشلارنى) قىلمايمىز، چۈنكى ئۇلار مۇرتەد». شۇنىڭغا ئوخشاش، بۈگۈنمۇ ئۇلار كىشىلەرنىڭ تەۋبە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزلىرى گۇمان قىلغان تەۋبە تەلەپ قىلىش ئىشكىنى ئاچمىغۇچە كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ جامائىتىگە قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ يول (ئالامەت) ئاشكارىدۇر.

ئون توققۇزىنچى سۈپەت: «تالاش - تارتىشقا، تەشۋىقاتقا ۋە مەكتۇپلارغا تايىنىش ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرۇش»خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇل ئاbbas مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلارنىڭ ئومۇمىيسىنىڭ ئىچىدە تالاش - تارتىش، ھۆججەتلىشىش، كۆپلىگەن مەكتۇپلار ۋە شېئىرلار بار».

شۇنىڭغا ئوخشاش، «كىشىلەرنى دىنىدا ۋە ئەقىدىدە ئىمتىھان قىلىش» ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىبراھىم ئىبنى ھۇسەيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىمتىھان قىلىش خاۋارىجلارنىڭ دىنىدۇر». «السير للذهبي» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. مۇھلەب (خاۋارىجلاردىن) سوراش ئۈچۈن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ،

ئۇلاراغا مۇنداق دېدى: «<سىلەرگە ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىككى كىشى توغرۇلۇق بىزگە خەۋەر بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ بىرى يولدا ئۆلۈپ كەتتى، سىلەر يەنە بىر كىشىنى ئىمتىھان قىلدىڭلار. مۇشەققەت كۆپايە ئەمەسمۇ؟>. بۇ كىشى (يەنى سورالغان خاۋارىج) ئىمتىھاننىڭ خاۋارىجلارنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى».

ئۇنىڭدىن باشقا، «سۆزلىرىنىڭ گۈزەل، قىلىقلىرىنىڭ قەبىھ بولۇشى» تارىختىكى خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سۆزنى گۈزەل قىلىپ، يامان ئەمەل قىلىدۇ. الله نىڭ كىتابىغا چاقىرىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار الله نىڭ كىتابىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ». سىز ئۇلارنىڭ خىتابلىرىغا، يەنى ئەدنانىينىڭ ئاخىرقى خىتابىغا قولاق سېلىڭ. ئېلان قىلىنغىنى ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى پاكىت قىلىمەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئامېرىكا، ھەقىقەتەن بىز كەلدۇق. كۈتۈپ تۇر ئامېرىكا، ئالدىرماي تۇر ئامېرىكا» دەيدۇ. (ئەمەلىيەتتە) سىز يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قارىسىڭىز، (كىشىلەر توپلاشقان) ئاۋات جايلارنىڭ ۋە مۇشات مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى ۋە خارابىلىقلارنى كۆرىسىز. خىتاب «ئى ئامېرىكا، ئى رۇسىيە، ئى ئىران» بولغانلىقى ئۈچۈن، سىز «ۋاشىنگتون، نيۇ - يوركلار فەتىھ قىلىنىپتۇ» دەپ ئويلاپ قالىسىز. يۈز بەرگەن ئىشلارغا دىققەت قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئۇلارنىڭ (كىشىلەر توپلاشقان) ئاۋات جايلارغا زەربە بېرىپ، مۇشات مەكتەپلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ۋەيران قىلغانلىقىنى كۆرىسىز. بۈگۈن بىز ھاماغا يۈرۈش قىلىۋاتىمىز، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەرك ئەتتۇق. بۇنى تارىخقا يېزىپ قويۇڭلار. ئۇرۇش باشلانمىدى، بۈگۈن مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ياكى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشى، بىز «دۆلەت جامائىتى» تۇرۇۋاتقان يەر بىلەن بىز تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ ئارىسىدىكى سۇرىيە

هۆكۈمىتى كونترۇللىقىدىكى جايلارغا بولغان ئۇرۇشتىن ۋاز كەچتۇق. ھاما ۋە دەمەشقنى فەتىھ قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلار(يەنى خاۋارىجلار) بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ يەرلەرگە ھۇجۇم قىلمىدۇق — ئەگەر الله تائالا بۇ مەيداننى ئۆز رەھمىتى بىلەن ئورىمىسا — سىلەر ئۇلارنىڭ بىزنىڭ يولىمىزنى ئۈزۈش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى يېقىندا كۆرىسىلەر. خۇلاسىلىگەندە، ئۇلار چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، قەبىھ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «زامان ئاخىرىدا ھەق بىلەن سۆزلەيدىغان، لېكىن ھەق گاللىرىدىن ئۆتمەيدىغان قەۋملەر كېلىدۇ». يەنى ئۇلارنىڭ پەقەت گېپىلا بار، ئەمەلىيىتى يوق.

«مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش» خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. گەرچە كاپىر بولمىسىمۇ، ئۇلار مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئى قېرىندىشىم، مەنپەئەت ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، ھېچ ۋەقەسى يوق». (خاۋارىجلاردىن بولغان) قەتىر ئىبنى فۇجا ئەل - خارىجى مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش مۇنكەر ئىش ھېسابلانمايدۇ».

«قايسى تەرەپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەقنى ۋە نەسىھەتنى قوبۇل قىلماسلىق»خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئىچىدىكى بۇ پاكار ئادەم، ئادەم باللىرى ئىچىدىكى شەكلى ئەڭ غېرىب كىشىدۇر. ئۆزىنىڭ بۇيۇك تەقدىرىدە ئىرادە قىلغىنىدەك، ئادەملەرنى ھەر تۈرلۈك ياراتقان الله پاكتۇر. بەزى سەلەف - سالىھلار خاۋارىجلار ھەققىدە ناھايىتى ئورۇنلۇق سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدى. ھەقىقەتەن خاۋارىجلار الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە سۆزلەنگەندەك كىشىلەردۇر:

﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا﴾ <سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟>[1]». «البداية والنهاية» ناملىق كىتاب.

«بۇزۇق تەقۋالىق قىلىش» خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. مەن ئۇنى ئاخىرقى ئىككى سۈپەت بىلەن تاماملايمەن. تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشمنى ئۈمىد قىلىدىغانلار ئۈچۈن كىتابچە شەكلىدە بېسىپ بېرىشىم مۇمكىن. خاۋارىجلارنىڭ ئۇششاق ئىشلاردا «تەقۋالىق» قىلىپ، چوڭ ئىشلاردا «تەقۋالىق» قىلمىغانلىقىنى بايقايسىز، ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن خاۋارىجلارغا قاراپ بېقىڭ. قەيس ئىبنى ئۇبباد ھەمراھلىرىغا: «يۇرۇڭلار!» دېدى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ ئابدۇللاھ ئىبنى خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كەلدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىتنىدىن قېچىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتىدا ياشاۋاتقان ئىدى. ئۇلار ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئېلىپ قايتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىكى خورما دەرىخىدىن بىر تال خورمىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى كۆردى— قاراڭ بۇ تەقۋالىققا — ئۇلاردىن بىر كىشى خورمىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «سەن پۇلىنى بەرمەي تۇرۇپ ئەھدە ئەھلى ۋە زىممىيلەرنىڭ خورمىسىنى ئالامسەن؟» دېيىشتى. ئاندىن ھېلىقى كىشى خورمىنى ئاغزىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئارقىدىن ئۇلار ئۆزلىرىدىن بولغان بىر كىشى ئۆلتۈرۈپ قويغان توڭگۇزنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە توڭگۇزنىڭ ئىگىسى بولغان ناساراغا توڭگۇز ئۈچۈن تۆلەم تۆلەپ بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە خورما ۋە بۇ توڭگۇزدىن ئەۋزەل بولغان بىر كىشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى — بۇ ساھابە رەزىيەللاھ ئەنھۇ باغلانغان ھالەتتە ئىدى — ئۇلار: «بولىدۇ» دېيىشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە نامازنى، (نەپلە) روزىنى ۋە رامىزاننى (يەنى رامىزان روزىسىنى)

[1] سۈرە كەھف ۱۰۳- ئايەت.

تەرك ئېتىپ باقمىدىم» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەپ ئۆتتى. ئۇلار ئۇ ساھابىنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى (الله ئۇ ساھابىدىن رازى بولسۇن).

(«باغدادىي جامائىتى»نىڭ) ھەج كۈنىدىن بۇرۇن ئېلان قىلغان باياناتىنى ئوقىدىم — قاراڭ بۇ بۇزۇق تەقۋالىققا — قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىنىدىغان باشقا ھايۋانغا كۆرسىتىپ ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەش ھەققىدىكى بايانات ئىكەن — بۇ سۆزنىڭ قاتارىدىن — بۇ باياناتتا: «ھەرقانداق بىر قاسساپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان بىر ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىنىدىغان يەنە بىر ھايۋانغا كۆرسىتىپ ئۆلتۈرۈشى شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ» دېيىلگەن — بۇنداق قىلىش تەقۋالىق جۈملىسىدىندۇر — ئەپسۇس، ئۇلار نە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، نە دوستلۇققا ئېتىبار بەرمەستىن، مۇجاھىدلارنى ئېلىپ كېلىپ پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. قاراپ بېقىڭ، بۇ خىلدىكى ساختا تەقۋالىق ئۇلاردا مەجۇتمۇ - يوق؟

«مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاش» خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. يۇقىرىقى سۈپەتلەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، مۇنازىرىلىشىپ قالسا تىللىشىدىغان، الله نىڭ رەھمىتىدىن ئەڭ يىراق بولغان كىشىلەرگە كېلىمىز. تارىختىن بېرى ئۆتكەن خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار مۇنازىرىلىشىپ قالسا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «كىمدە بۇ تۆت خىل سۈپەت تېپىلسا ئۇ ھەقىقىي مۇناپىقتۇر — ئۇلارنىڭ قاتارىدىكى بىر سۈپەت — مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ».[١]

خاۋارىجلارنىڭ «كشف الغمة» دېگەنگە ئوخشىغان بىر قىسىم كىتابلىرىنى يازغان بەزى ياغۇچىلىرى: «ئوسمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) پىتنىدە دەججالدىنمۇ

[١] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ياماندۇر» دېگەن. ئۇلار بۇ گەپنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە دەۋاتىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، بۇگۈن ئۇلار بەزى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ياكى ئىلىم ئەھلىلىرى بولغان شەيخلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغاندا «بۇ مەدىكار، جاسۇس، ئىشپىيون، بۇزغۇنچى، كاپىرلارنىڭ مالىيى ۋە مۇرتەد» دەۋاتىدۇ، بارلىق يامان سۆزلەر ئارقىلىق ئۇ كىشىنى ھاقارەت قىلىدۇ، سۇبھانالللاھ. الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ھەيران قالىسىلەر، ئى قېرىنداشلار! قانداقمۇ مۇجاھىدلارنى «سەھۋات» دەيدۇ. «سەھۋات» دېگەن سۆز ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇجاھىدلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەيدا قىلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇجاھىدلار قانداقمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «سەھۋات»لىرى بولسۇن؟ ئامېرىكا، رۇس ۋە ئىران كۈندە دېگۈدەك مۇجاھىدلارنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، خاۋارىجلارنىڭ ئەقلىسىز، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ئادەملىرى مۇجاھىدلارنى «سەھۋات» دەپ قانداقمۇ باشقىلارنى ئالدىيالىسۇن؟

بۇلاردىن باشقا، خاۋارىجلار رەھمەتتىن ئەڭ يىراق كىشىلەردۇر — بۇ لېكسىيىدە سۆزلەنگىنى خاۋارىجلارنىڭ يىگىرمە بەش ياكى ئوتتۇز ئەتراپىدىكى سۈپەتلىرىدۇر — ئۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن سۈپەتلەر بولۇپ، مەن ئۇ سۈپەتلەرنى تەييارلاپ بولالمىدىم ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان سۈپەتلەرنى سىلەر كۆرۈپ بولدۇڭلار. مەن ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەم قىلىپ سىلەردىن سورايمەنكى، (سىلەر قاراپ بېقىڭلار!) مەن ۋە باشقا ئۇلىمالار تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ سۈپەتلەر «دۆلەت جامائىتى»گە ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق؟ سىلەر ئۇ سۈپەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. ئى قېرىنداشلار، مەن بۇ لېكسىيىنى ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى تەييارلاپ كېلىۋاتقان ئىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرقى خىتابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بىزنىڭ جەڭلىرىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، بۇنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشنى

ئويلىدىم. مېنىڭ بۇ لېكسىيىنى سۆزلەشتىكى مەقسىتىم ئۆزۈمنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش. مەن بارلىق شام ئەھلىگە ۋە بارلىق زېمىن ئەھلىگە الله نىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلغان ھالەتتە الله بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئى قېرىنداشلىرىم، مەن سۆزۈمنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ئالدىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېگەن سۆزىگە جاۋاب بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. (بۇ سوئال ھەققىدە) مەن سەلەفلەردىن بىرى ئېيتقان سۆزنى ئېيتىمەنكى: «الله نىڭ دىنىدا كىم بىزنى ئالدىسا، بىز ئالدىنىپ قالىمىز».

— الله بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت ‹لا إله إلا لله› ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز،

بىزنىڭ قانلىرىمىز پەقەت ‹لا إله إلا لله› ئۈچۈن ئاقىدۇ. بىز ھەمىشە تىرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى بولغان الله تىن ئۇنىڭ كاتتا ئىسىملىرى بىلەن سورايمىزكى، ئەگەر بىز ‹لا إله إلا لله› تىن باشقا بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىپ ئۇرۇش قىلساق، الله بىزگە شام زېمىنىدا بىر غېرىچ يەرگىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىسۇن — كىشىلەر «خىلاپەت» ۋە «ئىسلام» ھەققىدە ئاڭلىدى. ئەمما ئۇلار كىشىلەرنى مۇشۇ ئىشلار بىلەن ئالدىدى. بەزى كىشىلەر «ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھاجىرلار، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ياكى ئۇنىڭدىن باشقىلار بار» دېيىشىدۇ. بىز دەيمىزكى: «ھەقىقەتەن خاۋارىجلارنىڭ تۇنجىلىرى قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئىلىم ئۆگىنىدىغان ۋە الله تائالانىڭ كىتابىنى ئوقۇيدىغان كىشىلەر ئىدى». خاۋارىجلاردا ئىتلاردا بولىدىغان غالجىرلىق كېسىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشتە غالجىرلاشقانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى «جەھەننەمنىڭ ئىتلىرى» دەپ ئاتىدى. بىز الله تائالادىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز. كىشىلەر بەزى گۇرۇھ ۋە جامەئەتلەردىكى خاتالىقلارنى كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن «دۆلەت جامائىتى»گە ئالدىنىپ قالدۇ. بىز باشقا جامائەتلەرنى گۇناھسىز دېمەيمىز. بۇ جامائەتلەرنىڭمۇ كۆپلىگەن خاتالىقلىرى

بار. لېكىن مۇسۇلمانلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈش مەسلىسى — بۇ مەسىلە الله نىڭ دىنىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈپ قويغان ۋاقتتا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ساھابىگە: «‹لا إله إلا لله› قىيامەت كۈنى سەن بىلەن ھۆججەتلىشىپ كەلسە، سەن قانداق قىلىسەن؟» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ ئالدىدا دۇنيانى يوق قىلىۋېتىش بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ئاددى ھېسابلىنىدۇ».[1] شۇڭا ئۇلارنى قوللاۋاتقان، ئۇلارغا مېھرى - مۇھەببەت كۆرسىتىۋاتقان ۋە ئۆز قەلبىدە ئۇلارغا مايىللىق تۇيغۇلىرى بولغان كىشىلەرگە شۇنداق دەيمىزكى: «الله بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ ئالدىدا (يەنى قىيامەت كۈنى) سىلەر ئۇلارغا شېرىك بولغان ھالەتلەردا بىز سىلەر بىلەن ھۆججەتلىشىمىز». پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە يېرىم ئېغىز سۆزى بىلەن بولسىمۇ ياردەم قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ‹ئۇ الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتمىسۇن› دېگەن (سۆزلەر) يېزىلغان ھالەتتە الله بىلەن ئۇچرىشىدۇ».[2] مەن الله تائالادىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمەن.

مەن بۇ لېكسىيىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن، بىزنىڭ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن سۆزلىرىمىز «ئۇلارنىڭ ئىچىدە سادىقلار يوق» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئۇنىدىن باشقا يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەربىر كىشىگە «خاۋارىج» دېگەن سۆزنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ سۆزلىگىنىمىز بۇ خىلاپەتنىڭ خاۋارىجلارنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىگە چۈشۈپ قالغان باتىل، خاۋارىجلىق پىرقىسىگە تەۋە خىلاپەت ئىكەنلىكىدۇر. بۇ جامائەتتە خاۋارىجلىق سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى بولمىغا ھالەتتىمۇ كۆپىنچە سۈپەتلەر بار. بىز الله تائالانىڭ بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز. مەن

[1] تىرمىزى ۋە نەسائىي رىۋايىتى.
[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

لېكسىيىنى «دۆلەت جامائىتى»دىكى ئومۇمىي ياشلارغا، «دۆلەت جامائىتى»گە مېھرى - مۇھەببەت كۆرسىتىۋاتقان ۋە ئۇلارغا ئالدىنىپ كەتكەن بارلىق كىشىلەرگە ئېيتماقچى بولغان تۆۋەندىكى سۆزلىرىم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. سىز يۇقىرىقى سۆپەتلەرنى ئاڭلىدىڭىز، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇدىڭىز. شۇڭا قىيامەت كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ قۇتۇلۇپ قالالايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ قالماڭ. يېقىن كەلگۈسىدە سىز «مەن ئالدىنىپتىمەن» دەپ قالىسىز. سىزگە مۇنداق دېمەكچىمەن: «الله بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ سىز ئۈچۈن ئەنسىرەيدىغىنىم، سىز قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ‹ئى رەببىم، مېنى تەشۋىقات - شۇئارلار ئالداپ كېتىپتۇ. ئى رەببىم مېنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئالداپ كېتىپتۇ› دەيسىز، ئاندىن الله تائالا سىزگە: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ﴾ ‹بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار›[1] دېگەن سۆزۈمنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟ دەيدۇ». ئى دۆلەت قوشۇنلىرى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟ الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. سىلەر «بىز كاپىرنى ئۆلتۈردۇق، بىز مۇجاھىدلار» دەپ ئويلايسىلەر. شۇ ۋاقىتتا بىز يادا ئالغان قۇرئاننى كۆتۈرگەن، ‹لا إله إلا لله› كەلىمىسىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىنى كۆرەكلىرىمىزدە كۆتۈرگەن ھالەتتە الله تائالا بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرىمىز ۋە الله تائالانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سىلەر بىلەن ھۆججەتلىشىمىز. ئى دۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى، مەن سىلەرنىڭ الله نىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. شۇ ۋاقىتتا سىلەر ناھەق قانلىرىنى تۆككەن ۋە كاپىرغا چىقارغان الله يولىدىكى مىڭلىغان مۇجاھىدلار سىلەر بىلەن ھۆججەتلىشىدۇ. بىز الله تائالادىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز. بەزى كىشىلەر بىز تىلغا ئالغان نەرسىلەرگە

[1] سۈرە نەھل ٤٣- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قانائەت قىلمىسا ۋە «مەن بۇ سۆزلەرگە قانائەت قىلمايمەن» دېسە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن ئىختىلاپلار ۋە ئۇرۇشلار بار. مەن سىزگە مۇنداق دەيمەن: «سىز بۇگۈن ‹دۆلەت›تىن سوراپ بېقىڭ، ئۇلار ھازىر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن توختاشقا رازى بولامدۇ، كېلىشىم تۈزۈشكە رازى بولامدۇ، سۈلھى قىلىشقا رازى بولامدۇ؟ ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ‹مۇمكىن ئەمەس!› دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىزنى ‹مۇرتەد› دەپ قارايدۇ ۋە ‹مۇرتەدلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈش ھارام› دېيىشىدۇ». ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدا سۈلھىنى قوبۇل قىلىشى ۋە جەڭنى توختىتىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن الله تائالا ئۆزىنىڭ بۇ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلسا، بۇنداق قىلىشى مۇمكىندۇر.

مەن ھەممىشە تىرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى الله تائالادىن بىزنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۆزرە ئېيتالايدىغان كىشىلەردىن بولۇشىمىزنى سورايمەن. مۇشۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «خاۋارىجلار جەھەننەمنىڭ ئىتلىرىدۇر»، «ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر» دېگەن سۆزلىرى كۇپايىدۇر. ھەقتىن كېيىن پەقەت باتىل بار. ھەممىشە تىرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىغۇچى ئى الله، بىز سەندىن سېنىڭ كاتتا ئىسملىرىڭ بىلەن شۇنداق سورايمىزكى، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى راستچىل، ئالدانغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلغىن. ھەممىشە تىرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىغۇچى ئى الله، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاتمال خاۋارىجلاردىن بۇ ئۈممەتنى قۇتۇلدۇرغىن، ئۇلاردىن ئۈممەتنىڭ ۋە ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرگىن. ئى ئۇلۇغ ۋە پەزلى - كەرەم ئىگىسى، ھەممىشە تىرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله، بىز سەندىن سورايمىزكى، بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن.